# زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ

# ھوزۇردىكى ساۋاب بويۇكتۇر

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ دوكتۇر ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز سۇدەيس

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿والذين إذا أصابهم البغي هم ينتصرون﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ عبد الرحمن بن عبد العزيز السديس

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب بۈيۈكتۇر

2009-يىلى 02- ئاينىڭ 12-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمگە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"قىممەتلىك ۋەتىنىنىڭ بىباھا تۇپرىقىنى پاك قانلىرى بىلەن بويىغان، شاھادەت شارابىنى ئىچكەن ئەزىمەتلەر، سوقۇنۇپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقاردى" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار!. ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار!. تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ۋەتەن ئۇقۇمى ئىنسانلار ئېڭىدا تويپا بىلەن لايدىن ئىبارەت زېمىن ئۇقۇمى بولماستىن بەلكى ۋەتەن، دىن، ئەقىدە ۋە نەسەبنى ھىمايە قىلىدىغان بىباھا بايلىقتۇر. بۇ كۈنلەردە بىر تۈركۈم باغىلار ھىيلە-مىكىر، بۆھتان يولىنى تاللاپ قوشنىدارچىلىق ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ بىخەتەر چېگرىمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مۇقەددەس ئىككى ھەرەم زېمىنىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئامانلىقىنى بۇلغاشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىنتايىن ئېغىر خاتالىق بولۇپ، ئۇلار كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق

يولىنى تالىلىۋالدى. قوشنىلىرىنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلمىدى. ئۇچۇق ئاشكارا جىنايەت سادىر قىلدى.

ئىككى ھەرەم زېمىنىغا سوقۇنۇپ كىرگەنلەردە ئەقىل بولسا ئىدى، بۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلمىغان بولاتتى. قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ھۆرمەت قىلغان، ۋەدىگە ۋاپا قىلغان بولاتتى. بۇ مۇقەددەس زېمىنغا سوقۇنۇپ كىرگەنلەر ئۇچۇق ئاشكارا قوشنىلىرىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلدى، قەلبىدىكى ھەسەتخورلۇق، ئالدامچىلىقنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئۇلار ھېچبىر زامان تىنچلىق ئىچىدە ياشاشنى خالىمىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىمۇ پىتنە-پاسات ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا، سەئۇدى زېمىنىدىمۇ ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇلار ئىككى دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ، بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى تەلپۈنىدىغان، ئىسلامنىڭ ئۇزۇن زامانلىق شانلىق تارىخىنىڭ شاھىتى بولغان بۇ دىيارغا يامان نىيەت بىلەن قول ئۇزارتقانلىقى ئېچىنارلىق بىر پاجىئەدۇر.

ئاللاھ ئۆز مەرھەمىتى بىلەن سوقۇنۇپ كىرگەنلەرگە قارشى ئۇچۇق-ئاشكارا زەربەرنى بەردى. دۈشمەنلەر پاك ۋەتەن زېمىنىدىن خارلىق ۋە مەغلۇبىيەت تونىنى سۆرەپ چىقىپ كەتتى. بۇ زەپەر ئۈچۈن ئاللاھقا سان ساناقسىز شۈكۈر تەسبىھلەرنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىنقى سەپتە خىزمەت كۆرسەتكەن، ۋەتەنىنى قوغداش يولىدا ھاياتىنىڭ خەتەرگە يولۇقىشىغا قارىماي جەڭ قىلغان ئەسكەرلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز.

ئى ۋەتەن قەھرىمانلىرى! سىلەر ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن زەپەرگە سازاۋەر بولدۇڭلار، سىلەر ئۇخلىماي ۋەتەننى ھىمايە قىلدىڭلار، بىز ئۇخلىدۇق. قەھرىمانلارچە ئۇرۇشقا كىردىڭلار، بىز سىلەرنىڭ زەپەر قازىنىشىڭلار ئۈچۈن دۇئا قىلدۇق. سىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك سۆزى بىلەن خوش بىشارەت بولسۇن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى تۈرلۈك كۆزگە دوزاخ ئوتى يېقىنلىشالمايدۇ، بىرى ئاللاھدىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆزلەر. ئىككىنچىسى ئاللاھ يولىدا قاراۋۇللۇق قىلغان كۆزلەر».

بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئارزۇ-ئارمان، ھۆرمەت-ئېھتىرام، مېھرىبانلىق دىنىدۇر. تېررورلۇق، باسقۇنچى، جىنايەت دىنى ئەمەستۇر. بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ساغلام ئىسلام ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇشتا ئۈلگە بولىشىمىز لازىم. پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتىنىنى سۆيىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلام روھىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان، شەرىئەت ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئوتتۇرا ھاللىقنى تۇتۇپ ماڭالايدىغان چۈشەنچىنى سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئورتاق مەسىلىسى بولغان ئاساسلىق مەسىلىلەردىن يىراقلاشتۇرماسلىق كېرەك. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوق مەسىلە پەلەستىن ۋە مەسجىدىلئەقسا مەسىلىسىدۇر. يېقىندىن بېرى پەلەستىن ۋە بەزى مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-مۇسىبەتلەر ئاز ئەمەس. سويقېرىم قىلىشلار، قالايمىقان قولغا ئېلىشلار، بەزى مېدىيا

ۋاستىلىرىنىڭ چەكلىنىشى، تاجاۋۇز قىلىنىشلار، ئۆيلەرنى مەجبۇرى يىقىتىشتەك جىنايەتلەر، ئۇزلۇكسىز ھاۋا ھۇجۇملىرى چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم بولۇپ، پەلەستىن ۋە بەزى ئېزىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز تاقەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىدىن، ئۈممەت ئۆزىنىڭ بارلىق مۇقەددەسلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رەھبەرلىرى، قارار ئىگىلىرى بولغان زاتلارغا مەسجىدىلھەرەم مۇنبىرى، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپى، زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدىن خىتاب قىلىپ دەيمىزكى، زىيونىزىمچى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى سادىر قىلىۋاتقان غەيرى ئىنسانى زۇلۇملىرىنى توختىتىشقا قارىتا جىددىي ھەرىكەتكە كېلىڭلار.

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۇستىدىكى زۇلۇمنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ھەرىكەت قىلىڭلار. ھەممىمىز بىردەك ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى بىلىپ يېتىشىمىز ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ جىددى تەقەززاسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دىنى ۋە مىللى بۇرچىمىزدۇر.

مۇسىبەت شۇنچە ئېغىر بولىشىغا قارىماي بىز ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن ئۈمىدلىكمىز، پات يېقىندا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كېلىشىگە ئىمانىمىز كامىلدۇر.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېزىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلار!، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ياردىمىنى ئۈمىد قىلىدىكەنسىلەر، چوقۇم ئاللاھنىڭ دىنىغا يەنى قۇرئان-سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيۇشىشىڭلار تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر

ئاللاھ قا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ». [سۈرە مۇھەممەد 7-ئايەت].

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلسۇن.